ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى

# شېئىرلار باغچىسى

ئىخلاس
نەشرىياتى

# بالار شهرلری

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇ-سانا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى بولغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالاملار پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن!

قولىڭىزدىكى بۇ شېئىرلار توپلىمى ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەت پرىنسىپلىرىغا خىلاپ بولمىغان مەزمۇندىكى شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇيغۇرچە ئوقۇشنى يېڭى ئۆگەنگەن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كىتابلارنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىشىگە ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن تۈزۈلدى. بۇ كىتابقا بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان، مەزمۇنى ساغلام، چۈشىنىشلىك ۋە ئوقۇش ئاسان بولغان شېئىرلار كىرگۈزۈلدى.

الله تائالادىن بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى قوبۇل قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. ئاخىرىدا، بۇ كىتابنىڭ تارقىتىلىشىغا ياردەملەشكەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تائالانىڭ پەزلى-ئېھسانى ۋە مەغپىرىتىنى تىلەيمىز.

# سالام ئاتا-ئانامغا

ئاپتاپ چۈشتى ئاق تامغا،
شولا چۈشتى كۆك تامغا.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،
ئاۋۋال ئاتا-ئانامغا!

# ئاپام ئايدەك

ئاپام ئايدەك،
دادام كۈندەك.
مېنى باقدۇ،
قىزىلگۈلدەك.

ئاپام ئايدەك،
دادام كۈندەك.
مېنى باقدۇ،
تولۇن ئايدەك.

# ئىنىم

كىچىك ئىنىم مۇھەممەد،
خەت يازىدۇ قىزىقىپ.
جىجىلايدۇ قەغەزگە،
كەتكىنىدە ئېزىقىپ.

مەن ئىشلىسەم تاپشۇرۇق،
ئۇمۇ يازار كىرىشىپ.
تەرك ئېتىپ ئۇيقۇنى،
ئۆگىنىدۇ تىرىشىپ.

زوقى بىلەن يازىدۇ،
بىلىۋالغان خېتىنى.
دەپتىرىنىڭ تېشىغا،
يېزىپ قويار ئېتىنى.

دەيدۇ: ئاكا قاچانمۇ،
مەن سىنىڭدەك يازىمەن،
ئىلىم-ھېكمەت كانىدىن،
ئۈنچە-مارجان قازىمەن؟

دېدىم: ئىنىم ئۆگەنسەڭ،
زېرىكمەيلا تىرىشىپ،
يېڭەلسەڭ مۇشكۈلنى،
غەيرەت قىلىپ ئېلىشىپ.

پات ئارىدا مەكتەپكە،
سەنمۇ چوقۇم بارىسەن.
مەرىپەتنىڭ نۇرىدىن،
دىلغا قۇۋۋەت ئالىسەن.

كائىناتنىڭ سىرىنى،
ئاشۇ چاغدا ئاچىسەن.
ئىجادىڭدىن، ئەجرىڭدىن،
ئەلگە ئۈنچە چاچىسەن.

# ئاپئاق بالام

ئاق توشقاندەك ئاق بالام،
ئەتراپىغا باق بالام.
كۆكۈل قويۇپ چېنىقساڭ،
بولار تېنىڭ ساق بالام.

مەدرىس سېنىڭ ئۆز ئۆيۈڭ،
ئۆسكىن ساغلام، شاد بالام.
ئۇنىڭ ئىللىق قوينىدا،
يوغىنايسەن پات بالام.

ئاداشلىرىڭ بەك تولا،
يوقتۇر ساڭا يات بالام.
مەرىپەتنىڭ قوينىغا،
سەن ئۆزەڭنى ئات بالام.

# ئانام

مېنىڭ ئانام كۆيۈمچان،
رەنجىتمەيدۇ دىلىمنى.
كىتاب، دەپتەر ئېپ بېرەر،
ئىگەللە دەپ بىلىمنى.

ئەتىگەندە ئويغىتىپ،
مەكتىپىمگە ماڭغۇزار،
پەزىلىتى، مېھرىنى،
ۋۇجۇدۇمغا تامغۇزار.

كىتاب ئالسام قولۇمغا،
پەرۋانىدۇر بېشىمدا.
بىلمىگەننى ئۆگىتەر،
جىم ئولتۇرۇپ قېشىمدا.

ئېيتىپ بېرەر بەزىدە،
قىززىق چۆچەك-ھېكايە.
ئەدەب-ئەخلاق بابىدىن،
بېرىپ چوڭقۇر تەربىيە.

ئۇنىڭ مېھر-شەپقىتى،
نەقىش بولدى دىلىمغا.
ئانام كەبى مەنمۇ ھەم،
كۈچ قوشىمەن دىنىمغا.

# قالغاچ قوشقى

ۋىچىر- ۋىچىر- ۋىچ،
بولغىن ئىناق، تىنچ.
ئىتتىپاقسىزلىق،
پايدا بەرمەس ھېچ.

ۋىچىر- ۋىچىر- ۋىچ،
دوستلۇق سۈيى ئىچ.
ئىتتىپاقلاشقىن،
ساۋاقداشلار زىچ.

ۋىچىر- ۋىچىر- ۋىچ،
قەلبىڭ بولسۇن پىچ.
يامان ئىللەتكە،
دائىم ئۇر قىلىچ.

# دام-دام-دام

سەنمۇ مەندەك تىرىشپ،
ئوقالامسەن دام-دام-دام.
ئەلاچىلار سېپىگە،
ئۆتەلەمسەن دام-دام-دام.

كىتابىڭنى مېنىڭدەك،
سۆيەلەمسەن دام-دام-دام.
ئىلىم-پەننىڭ ئىشقىدا،
كۆيەلەمسەن دام-دام-دام.

ئەلگە مەندەك تۆھپەڭنى،
قاتالامسەن دام-دام-دام.
دەرياسىدا بىلىمنىڭ،
ئاقالامسەن دام-دام-دام.

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى

بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى،
ئىنسانلارنىڭ ئۈلگىسى.
مۇرىسىدە بار ئىدى،
پەيغەمبەرلىك بەلگىسى.

ئايىغنى يامايتتى،
قويلىرىنى ساغاتتى.
ئائىلىسىگە كۆيۈمچان،
نەۋرىسىنى باقاتتى.

ئاجىزلارغا كۆيەتتى،
يېتىملارنى سۆيەتتى.
بىللە تۇرۇپ، بىللە يەپ،
كېسەللەرنى كۆرەتتى.

شاھلارچە سۇر ھەيۋەتلىك،
ھەشەم بىلەن يۈرمەيتتى.
قايسىڭلار ئۇ مۇھەممەد؟
دەپ سورىمىغان بىلمەيتتى.

ھەر خىل ئۇلاغ مىنەتتى،
ئاددىي كىيىم كىيەتتى.
قۇللار بىلەن مۇڭدىشىپ،
بازارلاردا يۈرەتتى.

ئاللاھنى كۆپ يادلايتتى،
بىھۇدە گەپ قىلمايتتى.
كۈلكە-چاقچاق قىلسىمۇ،
خاتاغا يول قويمايتتى.

ئىقتىدارلىق ئادەمنى،
قەدىرلەيتتى، ئاسرايتتى.
كۆيۈنەتتى ئاجىزغا،
ناماز ئوقۇپ تويمايتتى.

# دوستلار ھەققى

مۇسۇلماننىڭ دوستىدا،
مۇنداق ئالتە ھەققى بار.
ئۇنى ئادا قىلمىسا،
قىيامەتتە دەككە بار.

كېسەل بولسا يوقلىماق،
جاۋاب سالام قىلماقلىق.
جىنازىغا ئەگىشىش،
چاقىرغاندا بارماقلىق.

شۈكۈر دېسە چۈشكۈرۈپ،
ئاڭا رەھمەت سورماقلىق.
نەسىھەتكە تەلپۈنسە،
چىن، سەممىي بولماقلىق.

# ناماز ھەققىدە

دىنىمىز ئىسلام بىر بىنا،
ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى.
كاپىر- مۆئمىن پەرقى شۇ،
لازىم ھەر كىم بىلمىكى.

بىر كۈندە بەش ۋاق ناماز،
بىرىنچىسى بامداتتۇر،
باشتا سۈننەت، ئاندىن پەرز،
ئىككىدىن توت رەكئەتتۇر.

چۈش بولغاندا پىشىن بار،
سۈننەت توت ھەم پەرز توت.
ئاخىرىدا ئىككى رەكئەت،
سۈننىتى بار ئەسلەپ ئوت.

ئەسىر بىلسەڭ توت رەكئەت،
جىكىللەنگەن قۇرئاندا،
ئوتتۇرىدىكى ناماز ئۇ،
قوغدا يۈرمەي ھەرياندا.

شام نامزى مۇئمنگە،
كەچكە تەۋە ٴامانەت.
پەرزى ٴۇچ، سۇننەت ٴىككى،
ۋاقتى قسقا ٴىبادەت.

خۇپتەن پەرزى تۆت رەكئەت،
ٴاندىن ٴىككى رەكئەت سۇننەت.
ٴاڭا قوشۇپ ٴۇچ رەكئەت،
ۋىتر ٴوقۇپ ٴۇخلاپ كەت.

# ئەپ بولۇشتى ئىككىسى

گەپ تالىشىپ قېلىشتى،
ئاينۇر بىلەن گۈزەلئاي.
ماي تارتىشىپ خېلى كۈن،
يۈردى گەپ-سۆز قىلىشماي.

ساۋاقداشلار بۇ ئىشنى،
توغرا ئەمەس دېيىشتى.
ئىككىسىنى بىر كۈنى،
ئەپ قىلماق بوپ كېڭىشتى.

مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىشنى،
توغرىلاپ بىر كۈنگە.
ئېلىپ باردۇق ئاينۇرنى،
گۈزەلئاينىڭ ئۆيىگە.

ئىمانلاشتۇق بىز ئاۋۋال،
ئۇلتۇردۇق ھەم تاماقتا.
ئارىدىكى سوغۇقلۇق،
كەتتى ئۇچۇپ يىراقتا.

قول تۇتۇشۇپ قايتىدىن،
ئەپ بولۇشتى ئىككىسى.
جاراڭلىدى يېقىملىق،
چىن دوستلۇقنىڭ كۈلكىسى.



# يامغۇر

ياغدى يامغۇر شارقىراپ،
يەر ئۈستىگە چېچىلىپ.
گۈللەر قېنىپ سۇ ئىچىپ،
كەتتى چوغدەك ئېچىلىپ.

پايانسىز تاغ ـ داللار،
كىيدى ئېسىل يېشىل تون.
ياساندى ئۈز تەبىئەت،
يوقاپ تۈتەك، ئىس، چۇدۇن.

شەھەر ـ يېزا، يايلاقلار،
تولۇپ خۇش بۇي پۇراققا.
ئوخشاپ كەتتى ھەممە جاي،
زىلال سۇلۇق بۇلاققا.

# دادام

مېنىڭ دادام كۆيۈمچان،
رەنجىتمەيدۇ دىلىمنى.
كىتاب، دەپتەر ئېلىپ بېرەر،
ئىگەللە دەپ بىلىمنى.

ئەتىگەندە ئويغىتىپ،
مەكتىپىمگە ماڭغۇزار،
پەزىلىتى، مېھرىنى،
ۋۇجۇدۇمغا تامغۇزار.

كىتاب ئالسام قولۇمغا،
پەرۋاندۇر بېشىمدا،
بىلىمگەننى ئۆگىتەر،
جىم ئولتۇرۇپ قېشىمدا.

ئېيتىپ بېرەر بەزىدە،
قىزىق چۆچەك ـ ھېكايە.
ئەدەب ـ ئەخلاق بابىدىن،
بېرىپ چوڭقۇر تەربىيە.

# قەغەز ئايروپىلان

قايتىپ بۈگۈن مەكتەپتىن،
قىزغىن ئارزۇ-ھەۋەستە.
ئايروپىلان ياسىدىم،
چىرايلىق قىپ قەغەزدە.

دەرھال ئۇنى شادلىنىپ،
ئېلىپ چىقتىم تالاغا.
كۆچەپ ئېتىپ زوق بىلەن،
قويۇۋېتىپ بەردىم ھاۋاغا.

ئەگىپ ئۇچۇپ ئېگىزدە،
قايتىپ چۈشتى يېنىمغا.
ئاشۇ قەغەز لاچىنى،
ئوتنى سالدى دىلىمغا.

مەنمۇ چوقۇم ئاز كۈندە،
چوڭ بولىمەن، ئۆسىمەن.
ھەيدەپ كۈمۈش لاچىننى،
بۇلۇتلارنى بۆسىمەن.

ئاشۇ ئارزۇ دىلىمدا،
بوشاتمايمەن بىلىمنى.
ياردەمچىمدۇر ئاللاھىم،
ئىجابەت قىل دۇئانى.

# ئانا

قەدىرلىك ئانا،
كۆيمەن ساڭا.
ئەخلاق ـ پەزىلەت ،
ئۆگەتتىڭ ماڭا.

دېڭىزدىن تامچە،
مېھىر ـ شەپقىتىڭ.
ئۆلگىدۇر ماڭا،
سۆز ۋە ھەركىتىڭ.

تۇغۇلدۇم سەندىن،
ئاپئاق سۈت ئىچىپ .
ئۇچۇرما بولدۇم،
مېھرىڭگە قېنىپ .

دىنغا سادىق بوپ،
ئەمەل قىل دېدىڭ.
دىنىڭ ئىشقىدا،
ئوت بوپ كۆي دېدىڭ.

ياشناتتى مېنى ،
ئەجىر ـ مېھنىتىڭ.
ساقلىنار دىلدا،
قەدىر ـ قىممىتىڭ.

# كىچىكىشنىڭ سەۋەبى

بۈگۈن ئىنىم بارماپتۇ،
مەكتىپىگە ئەتىگەن.
بىلدۇق ئۇنى چاقىرىپ،
ساۋاقدىشى كەپتىكەن.

بۇنى ئاڭلاپ دادامنىڭ،
كەلدى راسا ئاچچىقى.
كىرەك بولدى، دېدىم مەن
گەپنىڭ ئاڭا قاتتىقى.

ئىنىم كەلدى بىر چاغدا،
كىيىملىرى توپا-لاي.
دادام ئىككىمىز،
تۇردۇق ئاڭا قارىماي

نەگە باردىڭ؟ دېدىم مەن،
غەزەپ بىلەن ئىنىمغا.
سەۋەبىنى دەپ بېرەي،
دېدى كېلىپ يېنىمغا.

كېتىپ بارسام ئەتىگەن،
مەكتەپىمگە ئالدىراپ.
توساتتىنلا كەينىمدىن،
كەتتى بىرى ۋارقىراپ.

يول چېتىدە بىر موماي،
يىقىلغانىكەن پاتقاقتا.
ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ،
ئېلىپ باردىم دوختۇرغا.

قويدۇم ئۇنى ئاپىرىپ،
ئاران تەستە ئۆيىگە.
يوقلاپ بارماق بولدۇم مەن،
مومايىنى مەن كۈنگە.

شۇڭا ئاكا مەكتەپكە،
باردىم بۈگۈن كېچىكىپ.
كېتەلەيمەن دوستلارغا،
ئەتە چوقۇم يېتىشىپ.

جېنىم ئىنىم، دېدىم مەن،
توغرا بۇنداق قىلىشىڭ.
كېچىككەنگە ھەرگىزمۇ،
ھېساپلانماس بۇ ئىشىڭ.

دادام دېدى: جان بالام،
مەندىن ساڭا نەسىھەت.
يېتىشتۈرگىن ئۆزەڭدە،
ئېسىل ئەخلاق پەزىلەت.

شۇنداق قىلساڭ ئەل رىزا،
بولار بالام سېنىڭدىن.
دېدى دادام ئىشەنچتە،
ئۈمىد كۈتۈپ ئۇنىڭدىن.

# باھار ئەتىگىنى

بۈگۈن باھار ئەتىگەن،
دېرىزەمنى ئاچقاندا:
كۆردۈم گۈزەل مەنزىرە،
قۇياش نۇرىنى چاچقاندا.

سايرار ئىدى شوخ بۇلبۇل،
مەكتەپ بېغى ئىچىدە.
پۆركىنىپتۇ چېچەككە،
ئالما، ئۆرۈك غۇچچىدە.

لەززەتلىنىپ باھاردىن،
باققىنىمدا يىراققا.
ئەنبەر كەبى خۇش پۇراق،
ئۆردى كېلىپ دىماققا.

كۆردۈم بۈگۈن پەيزىنى،
تەبىئەتنىڭ، باھارنىڭ.
نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە،
ئەتىگىنى باھارنىڭ.

# كومپاس

سەپەردە ھەمراھ،
بولغاندا كومپاس.
ھودۇقماي قىلچە،
دادىل ئالغا باس.

كومپاس ئازغانغا،
كۆرسىتىدۇ يول.
كۆرۈنەر مەنزىل،
ماڭساڭلا ئۇدۇل.

كومپاسنى ھەمراھ،
قىلساڭ ھەرقاچان.
مۈشكۈل، خەتەردە،
تاپىسەن نىشان.

سۆزلىسەك كۆپتۈر،
بۈنىڭغا ئاساس.
ئىسلام بەئەينى،
ئەڭگۈشتەر كومپاس.

ئاشۇ كومپاس بار،
ئازمايسەن يولدىن.
قۇرئان مەشئەلدۇر،
چۈشۈرمە قولدىن.

# مەغرۇرلۇقنىڭ زىيىنى

تونۇمىسىزلەر دوستچاقلار،
ئالىم دېگەن بالىنى.
ئۇنتۇماڭلار ئالىمغا،
كەلگەن ئاچچىق ساۋاقنى.

ئۆتكەن يىلى ئالىمجان،
دائىم يۇزنى ئالاتتى.
ئەلاچىمەن دەپ ئۆزىگە،
كۆپ تەمەننا قوياتتى.

بىرەر ھەپتە ئۆزىنى،
زادى بىلمەي كەتتى ئۇ.
ئويۇن بولسا پالاقلاپ،
سەپ ئالدىدا چاپتى ئۇ.

دوستلىرىغا كۆرەڭلەپ،
پونى يوغان ئاتتى ئۇ.
«جىمى ئىشنى بىلىمەن»،
دەپمۇ سۆزلەپ باقتى ئۇ.

تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق،
ئەسقاتىمدى ئالىمغا.
ئاز كۈن ئۆتمەي نۇمۇرى،
چۈشۈپ قالدى ئاتمىشقا.

قانداق قىلسۇن ئالىمجان،
بولدىغۇ بەك سەتچىلىك.
ئويلانمىغان ھەرگىز ئۇ،
كېيىن قالار بۇنچىلىك.

مەرىپەتكە سەممىي،
مەڭگۈ ھارماس تىل لازىم.
كەمتەر، ئېسىل خىسلەتلىك،
راستچىل، قەيسەر دىل لازىم.

ئىلىم دېگەن ھەقىقەت،
تەلەپ قىلار چىنلىقنى.
بولساڭ كەمتەر، سەممىي،
چاقالايسەن مېغىزنى.

# ئوسمان ئۆزگەردى

ئوسمان ئىلگىرى،
ئويۇنچى ئىدى.
ئۆز كۆڭلىدە ئۇ،
«بىرىنچى» ئىدى.

ئويۇن دېسە ئۇ،
ھەر يان چاپاتتى.
بەزى كۈنلىرى،
دەرستە يوقتى.

شۇڭا دەرستە،
ئاجىز ئىدى ئۇ.
بىزگە ئارىلاشماي،
يالغۇز ئىدى ئۇ.

ئەمدى ئويۇننى،
تاشلىدى ئوسمان.
تىرىشچانلىقنى،
باشلىدى ئوسمان.

# بولساڭ ئەدەب-قائىدىلىك

مەن يوق چاغدا جان ئىنىم،
تۇتما كىتاب-دەپتەرنى.
يازما جىجىپ ئۇنىڭغا،
قالايمىقان خەتلەرنى.

نەگە قويسام تاپسەن،
سومكامنى سەن گاھىدا.
دەپتەر بىلەن كىتابىم،
تۇرسۇن ئىنىم جايىدا.

ئاز كۈن ئۆتمەي جان ئىنىم،
سەنمۇ سومكا ئاسسەن.
مەرىپەتنىڭ يولىدا،
دادىل قەدەم باسسەن.

كىچىكىڭدىن ھەر ئىشتا،
بولساڭ ئەدەب-قائىدىلىك.
چوڭ بولغاندا ئەل ئۈچۈن،
ئەجرىڭ سىڭەر پايدىلىق.

# زوقلاندۇق ئاكا

ئون ياش بولسىمۇ،
ساۋاقداش ھاپىز.
يۈز ۋە قولنى،
يۇيمايتتى پاكىز.

دەيتتۇق ئۇنىڭغا:
«تارتمامسەن ئىزا؟
يۈز-قولنى يۇيماي،
يېمە نان-غىزا...»

ناچار ئادەتنى،
ئۆزگەرتتى ھاپىز.
زوقلاندى ئاكا،
بارلىق ئوغۇل-قىز.

# جان دوست ئاداش بولايلى

كېلىپ دوستلار توپلۇشۇپ،
قولنى قولغا تۇتۇشۇپ.
ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇپ،
جان دوست ئاداش بولايلى.

ئىتتىپاقلىق گۆھەر تاش،
بىزگە شۇنداق خىسلەت خاس.
شۇڭا مەڭگۈ ئايرىلماس،
چىن ساۋاقداش بولايلى.

ئىرادىسى، دىلى بىر،
تائەبەدكە سۆزى بىر.
ئۇلى بىر ھەم يولى بىر.
ھەمدەم سىرداش بولايلى.

چوڭنى كۆرسەك ھۆرمەتلەپ،
كىچىكنى ئىززەتلەپ.
ياخشىلارنى قەدىرلەپ،
ئامراق سەپداش بولايلى.

ئۆرلەشتە بولۇپ ھەمدەم،
ئۆزئارا بېرىپ ياردەم.
بىرلىكتە بېسىپ قەدەم،
يېقىن قولداش بولايلى.

بىللە ئوقۇپ شادلىنىپ،
جەسۇر ساغلام تاۋلىنىپ.
كەشپىياتقا ئاتلىنىپ،
چىڭ قەلبداش بولايلى.

جەسۇرانە سەپ تۈزۈپ،
كۆكتە جەۋلان قىپ ئۈزۈپ.
سەپەرلەردە شان قۇچۇپ،
چوڭ سەپەرداش بولايلى.

بولۇپ ئالىي تىلەكلىك،
ئىجادكار چوڭ يۈرەكلىك.
كەلگۈسىگە كېرەكلىك،
شان-زەپەرداش بولايلى.

# قىش پەسلى

ئاۋات پەسل قىش پەسلى،
ئويۇنى بار بەك ئىسسىل.
بىلسەك ئەپلەپ ئويناشنى،
تەن ساقلىققا زور كېپىل.

چانا، كاڭكى ئويناشنىڭ،
توشقان، ئۆردەك ئوۋلاشنىڭ.
راسا قايناق پەسلى بۇ،
ياخشى بەدەن تاۋلاشنىڭ.

ياش دوستلىرىم ئاڭلا، بىل!
ساق بەدەندە ساپ ئەقىل.
ئويۇن ئۈچۈن ئوينساڭ،
بوپ قالسەن خىجىل.

شۇڭا ئوينا، ئوقۇشقا.
پۇختا ئاساس سېلىشقا.
چارچىغاندا مېڭەڭنى،
سەگىتىپ، دەم ئېلىشقا.

ئاۋات پەسل قىش پەسل،
ئوقۇش ئۈچۈن بەك ئىسسىل.
ئوقۇ، ئوينا مەقسەتلىك،
ئالغا ئىنتىل سەن سىجىل.

# مېنىڭ سومكام چىرايلىق

مېنىڭكى بىر سومكام بار،
چىرايلىققىنا.
تۇرار دەپتەر، كىتابىم...
رەتلىك، ئاققىنا.

تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ،
ئۈنى ئاسىمەن.
گۈزەل ئانا مەكتەپكە،
قەدەم باسىمەن.

ئايرىمايمەن سومكامنى،
يېنىمدىن ھەرگىز.
چۈنكى دەپتەر، كىتابىم،
قەدىرلىك، ئېزىز...

ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىپ،
تولىمەن كۈچكە.
ئۆتكەزمەيمەن ۋاقتىنى،
بىكارغا ـ بوشقا.

# چىش ئاسرايلى مۇختەردەك

مۇختەر دەيدۇ ھەمىشە،
«چىشنى ئاسراش ئادىتىم».
چىش يۇيار ئۇ چوتكىلاپ،
ھەر كۈنلۈكى بىر قېتىم.

ئۇ، چىشىدا ھەرگىزمۇ،
ئۆچكە، ياڭاق چاقمايدۇ.
چىش كولاشتەك ئادەتلەر،
ئاڭا پەقەت ياقمايدۇ.

ئىسسىق، سوغۇق نەرسىنى،
بىرلا چاغدا يېمەيدۇ.
شۇڭا ئۇنىڭ چىشىغا،
زادى ئاغرىق كىرمەيدۇ.

قاراڭ ئۇنىڭ چىشلىرى،
پارقىرايدۇ مەرمەردەك.
چىشىمىزنى ئاسرايلى،
بىزمۇ دائىم مۇختەردەك.

# تاپشۇرۇق

ئوقۇتقۇچى ھەر دائىم،
بېرەر بىزگە تاپشۇرۇق.
ئۇنى يېزىپ ئالىمىز،
شۇنچە رەتلىك ھەم ئوچۇق.

تاپشۇرۇقلار بىزلەرنى،
ئىزدىنىشكە سالىدۇ.
ئۆگەنگەن دەرس-بىلىملەر،
ئەستە ئوبدان قالىدۇ.

تاپشۇرۇقلار بىزدىكى،
كەم بىلىمنى تولدۇرار.
ئاڭا كۆڭۈل بۆلمىسەك،
دەرستە كېيىن قالدۇرار.

ھەرگىز تۆۋەن چاغلىماي،
تاپشۇرۇقنىڭ رولىنى.
كۆپلەپ ئېچىلدۇرايلى،
ئەلاچىلىق گۈلىنى.

# ئاكا دېيش نۇمۇسمۇ

ئىككى بالا سۆزلىشەر،
( بىرى كىچىك بىرى چوڭ )
نېمىشقىدۇر ئۇلاردىن،
كىچىكنىڭ گېپى توڭ.

چوڭى شۇنچە ئىززەتلەپ،
سۆزلەۋاتسا ئۇكام دەپ:
سەكرەپ كەتتى كىچىكى:
سەن قانداقچە ئاكام؟ دەپ.

ئۆيدە مېنىڭ ئاكام بار،
دېدى يەنە كىچىكى.
بۇ سۆزلەردىن چوڭىنىڭ،
ئازابلاندى يۈرىكى.

قېنى ئاشۇ بالىنىڭ،
قىلغان گېپى دۇرۇسمۇ؟
يېشى چوڭنى ھۆرمەتلەپ،
ئاكا دېيىش نۇمۇسمۇ؟

ھۆرمەت قىلىش چوڭلارنى،
نۇمۇسلۇق ئىش ئەمەستۇر.
قەلبىمىزدىن ئۇلارنى،
ھۆرمەتلىمەك لازىمدۇر.

ئېسىل خىسلەت ئۆز ئارا،
ئاكا-ئۇكا دەپ ئاتاش.
ئەمەسمۇ بىز ئەزەلدىن،
نەسلى بىر قان-قېرىنداش!

# ئاش ئېتىشنى ئۆگەندىم

ھەر خىل تاماق ئېتىشنى،
ئۆگەندىممەن ئانامدىن.
ئانام دەيدۇ زوقلىنىپ:
«ئايلىناي، سەن بالامدىن»!

ئېتەلەيمەن ئوخشىتىپ،
شويلا، پولۇ، سومەننى.
ئېتەلەيمەن سەي قورۇپ،
سۈيقاش بىلەن لەغمەننى.

تۈگەلەيمەن چىرايلىق،
بەنشىر بىلەن چۆچۈرە.
كېسەلەيمەن ئاش يېيىپ،
چاچتەك ئىنچىكە ئۈگرە...

ياردەملىشىپ ئانامغا،
بىللە تاماق ئېتىمەن.
دادام، ئۇكام يېگەندە،
خۇشاللىنىپ كېتىمەن.

# ئوقۇتقۇچى

ئوقۇتقۇچى دەپ،
ئالغاندا تىلغا.
ھۆرمەت ـ تەشەككۇر،
تولدۇ دىلغا.

مېھرىبان ئۇلار،
ئاتا ـ ئانىدەك.
بىزمۇ ئۇلارغا،
ئەزىز بالىدەك...

بىز گويا كۆچەت،
سۇ بېرەر بىزگە.
جاپالىق مېھنەت،
سىڭدۈرەر بىزگە.

بەرگەچكە بىلىم،
ئوقۇتقۇچىمىز.
ئاشتى كۈنسىرى
زېھنى كۈچىمىز.

بىزگە ھەر ئىشتا،
بولىدۇ ئۈلگە.
سادىق ھەر قاچان،
ۋەتەنگە ـ ئەلگە.

تەربىيلەر بىزنى،
ئەخلاقلىق قىلىپ.
ۋەتەن ئىشىغا،
يارامىلىق قىلىپ.

شۇڭا ئۇلارنى،
قىلىمىز ھۆرمەت.
چىن قەلبىمىزدىن،
ياغدۇ رەھمەت.

ياخشى ئۆگىنىپ،
باسىمىز ئالغا.
قەدەم تاشلايمىز،
گۈزەل ئىقبالغا!...

# كىم مېنى دورايدۇ؟

بىرىنچى بالا: بىزنىڭ ئۆيدە دوستلىرىم،
توخۇدىن بار ئوتتۇزى.
ئەگەر سوراپ قالساڭلار،
خوراز ئۇنىڭ توققۇزى.

شۇ خورازلار تاڭ سەھەر،
تەكشى چىللاپ كېتىدۇ.
شوخ رېتىملىق ئاۋازى،
يىراقلارغا كېتىدۇ.

خوراز قانداق چىللايدۇ؟
دوراپ باقاي ئاڭلاڭلار،
لېكىن ماڭا «خورازجان» —
دېگەن ئاتنى قويماڭلار:
«قى - قى - قىق!...»

ئىككىنچى بالا: بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدا
كىچىككىنە بىر كۆل بار.
شۇ كۆلچەكتە بىز باققان،
ئونغا يېقىن ئۆردەك بار.

شۇ ئۆردەكلەر ئۈزىدۇ،
قولۋاق كەبى تېز راۋان.
سىرتقا چىقسا ئېغاڭلاپ،
ماڭار شۇنچە شادىمان.

دوراپ باقاي ئۆردەكنى،
قېنى دوستلار ئاڭلاڭلار.
لېكىن مېنى ھېچقاچان،
«ئۆردەكخان» دەپ قالماڭلار:
«غاق - غاق - غاق!»...

ئۈچىنچى بالا: نۇرغۇنلىغان كەپتەر بار،
بىزنىڭ ئېگىز ئۆگزىدە.
ئاكام ئۇنى ئۇچۇرار،
كۆك ئاسمانغا بەزىدە.

ئاقلىرىمۇ ئۈنلەيدۇ،
كۆكلىرىمۇ ئۈنلەيدۇ.
بىزنىڭ ئاشۇ كەپتەرلەر،
پەرۋاز قىلىپ ئۈنلەيدۇ.

كەپتەر قانداق ئۈنلەيدۇ؟
دوراپ باقاي، ئاڭلاڭلار،
«كەپتەر» دېگەن ئىسمنى،
ماڭا ھەرگىز قويماڭلار:
«ھۇك ھۇك، غۇق ... غۇق...»

تۆتىنچى بالا: باققانىدۇق قەپەزدە،
بىر جۈپ رەڭدار تومۇچۇق.
ئۈنىڭ خۇشال سايرىشى،
بېغىشلىدى دىلغا زوق.

قانداق سايرار تومۇچۇق؟
دوراپ باقاي ئاڭلاڭلار،
ئەگەر ياخشى دورىسام،
مەيلى مېنى داڭلاڭلار:
«چىغاك - چىغى، چىغاك - چىغى،
ۋىت - ۋىت - تىررر...»

بەشىنچى بالا: بىزنىڭ ئۆيدە دوستلىرىم،
مۈشۈكتىن دەل ئۈچى بار.
چاشقانلارنى تۇتۇشتا،
پاراستى، كۈچى بار.

بىزنىڭ ئاشۇ مۈشۈكلەر،
مىياۋ-مىياۋ قىلىدۇ.
ئۇلار بىلەن ئويناشسام،
كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ.

دوراپ باقاي مۈشۈكنى،
قېنى دوستلار ئاڭلاڭلار،
لېكىن ماڭا «مۈشۈكجان» :
دېگەن ئىسىم قويماڭلار:
«مىياۋ-مىياۋ-مىياۋ!...»

ئالتىنچى بالا: سېمىز-سېمىز قويلار بار،
بىزنىڭ ئۆيدە، ئېغىلدا.
ساغلىقلىرى ئۇنىڭكى،
قوشماق تۇغدى يېقىندا.

قوزىلىرى ئاق، قارا،
بۇدرۇق ھەم چىرايلىق.
دېككاك-دېككاك سەكرىشىپ،
ئوينىشىدۇ داۋاملىق.

قوزىلارنى دوراي مەن،
قېنى دوستلار ئاڭلاڭلار.
قوزا دېگەن لەقەمنى ،
ماڭا زادى قويماڭلار:
«مە ـ ئە ـ ئە!...»

يەتتىنچى بالا: بىزنىڭ ئۆيدە دوستلىرىم،
ئىككى كالاــ ئىنەك بار.
سېغىش ئۈچۈن سۈتىنى ،
ئاق سىرلانغان چىلەك بار.

گاھى ـ گاھى مۆرەيدۇ،
بىزنىڭ ئىنەك كالىلار.
تويۇپ ئۇنىڭ سۈتىگە،
تىمەن ئۆستۇق باللار.

كالا قانداق مۆرەيدۇ؟
دوراپ باقاي ئاڭلاڭلار.
لېكىن ماڭا، كالا دەپ، ،
ھەرگىز لەقەم قويماڭلار:
«مۆ ـ مۆ ـ مۆ...»

# كىمنىڭ توغرا باللار

باردۇر بىرنىڭ كوچىدا،
بارات ئاتلىق بىر بالا.
دائىم بۇرۇن كولاشقا،
بوپقالدى ئۇ مۇپتىلا.

دېدى بىر كۈن ئۇنىڭغا،
ساۋاقدىشى مۇرادجان:
«بۇنداق ناچار ئادەتنى ،
تۈزەتسەڭچۇ باراتجان».

بارات بىردىن قىزىرىپ ،
دېدى: تولا زاڭلاشما.
كىچىككىنە ئىشلارغا،
قاراپ يۈرمە، ئارىلاشما.

دېدى بارات: «بۇ ئىشنىڭ،
ساڭا نېمە زىيىنى؟
كىشلەرنى رەنجىتىپ ،
قىلما يامان گېپىنى...»

مۇراد دېدى: «سۆزۈمنى،
ئويلاپ قالما باشقىچە.
قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن،
سۆزلەپ باقاي قىسقىچە.

بۇرۇن دېگەن بەك مۇھىم،
بەش ئەزانىڭ بىرىدۇر.
ئەركىن نەپەس ئېلىشنىڭ،
ئەڭ ئاساسلىق يولىدۇر.

نېمە خۇشبۇي، يا سېسىق،
بۇرۇن بىلەن پۇرايمىز.
بۇرۇندىكى تۈك بىلەن،
چاڭ-توزاننى توسايمىز.

بۇرۇن ئىچى تۈزۈلگەن،
نېپىز شىللىق پەردىدىن.
ئىنچىكە قان تومۇرلار،
ئۇندا تولا ھەممىدى.

شۇڭا ئاسراش كېرەكتۇر،
بۇنداق نازۇك ئورۇننى.
زەخىملىنىش يۈز بېرەر،
كولاۋەرسە بۇرۇننى.

دائىم بۇرۇن كولاشقا،
ئادەتلىنىپ قالسا كىم؛
ئۇ كىشىنىڭ بىردەممۇ،
تۇرالمايدۇ قولى جىم.

ساغلاملىققا زىيانلىق،
بۇرۇن كولاش ئادىتى.
ئاقىۋىتى بۇ ئىشنىڭ،
خەتەرلىكتۇر ناھايىتى».

ئېيتىڭلارچۇ توغرىمۇ،
گەپ-سۆزلىرى مۇرادنىڭ.
ئېيتىڭلارچۇ، بولامدۇ،
شۇ ئادىتى باراتنىڭ.

بۇرۇن ئىچى تۈزۈلگەن،
نېپىز شىللىق پەردىدىن.
ئىنچىكە قان تومۇرلار،
ئۇندا تولا ھەممىدى.

شۇڭا ئاسراش كېرەكتۇر،
بۇنداق نازۇك ئورۇننى.
زەخمىلىنىش يۈز بېرەر،
كولاۋەرسە بۇرۇننى.

# مەن ئەخلاقلىق بالىمەن

بىسمىللاھ دەپ باشلايمەن،
قولنى يۇيۇپ پاكلايمەن.
چۆرىسىدىن قول سېلىپ،
ئۆك قول بىلەن ئاش يەيمەن.

پاكلاش ئۈچۈن قەلبىمنى،
ھالال تاماق ئىزلەيمەن.
ئاش - تاماقنى يەپ بولۇپ،
ئەلھەمدۇلىللاھ دەيمەن.

بىسمىللاھنى ئۇنۇتسام،
كېيىن دەيمەن گاھىدا.
ئاش يېمەيمەن ھەرگىزمۇ،
ئالتۇن - كۈمۈش جامىدا.

سۇ ئىچكەندە قاچىغا،
تىنىپ تۇرۇپ ئىچمەيمەن.
ئۆچكە بۆلۈپ ئىچىمەن،
يولدا نەرسە يېمەيمەن.

ئاشنى بۇزۇپ چاچمايمەن،
ئىش ئەمگەكتىن قاچمايمەن.
سالام بېرىپ ھەر ئۆيگە،
ئاندىن قەدەم تاشلايمەن.

قاچىلارنى كۆمتۈرۈپ،
قازانلارنى چۈمكەيمەن.
ئوتتىن، سۇدىن، توكلاردىن،
ئېھتىياتسىز يۈرمەيمەن.

يالغان قەسەم قىلمايمەن،
گۇۋاھلىقتىن قاچمايمەن.
ئەۋرىشىمنى ياتلارغا،
كۆرسەتمەيمەن، ئاچمايمەن.

ئامانەتكە سادىقمەن،
ۋەدە قىلسام يانمايمەن.
چاقىرىلغان سورۇنغا،
ئۆز ۋاقتىدىن قالمايمەن.

ئوڭدىن باشلاپ كىيىمەن،
كىيىم-كېچەك ئاياغنى.
ئوڭ قولۇمدا تۇتىمەن،
قوشۇق، قەلەم، ياراغنى.

ئوڭدىن كىرىپ مەسجىدكە،
سول پۇت بىلەن چىقىمەن.
ئەمما كىرسەم خالاغا،
ئەكسىچە ئىش تۇتىمەن.

ئوڭ قولۇمدا ئەۋرەتنى،
نىجاسەتنى تۇتمايمەن.
مۇنچا بىلەن خالادا،
تېلفۇندا گەپ ساتمايمەن.

ھۆرمەتلەيمەن چوڭلارنى،
كۆيىنىمەن كىچىككە.
ساۋاپ تىلەپ ئاللاھتىن،
نان بېرىمەن مۈشۈككە.

ئاش، نان تاپسام ھەرگىزمۇ،
ئۆزۈم يالغۇز يېمەيمەن.
قونچىقىمنى، ئېتىمنى،
ئاداش بىلەن ئوينايمەن.

ئوينىتىمەن ئۇكامنى،
رەنجىتمەيمەن ئاپامنى.
ھەجگە ئېلىپ بارىمەن،
چوڭ بولغاندا دادامنى.

بالىلارنى ياخشىلىققا قىزىقتۇرۇشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئۇلارغا مەزمۇنى ياخشى، پايدىلىق كىتابلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىلىم-ئىرپان ئىچىدە يېتىشتۈرۈشتۇر.



بۇ كىتابتىكى شېئىرلار ئىخلاس نەشرىياتى تەرىپىدىن رەتلىنىپ تارقىتىلدى .

تېلېگرامدا توپىمىز : t. me/kalgusimiz

ئالاقىلىش تېلېگرامدا ئادرېسىمىز : @otmux ۋاتسئاپ : +1(833)4117744